جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخىندىكى
شەخسلەر تەتقىقات جەمٴىيەتى تۇزگەن

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخىندىكى ٴاز سانلىق مىللەت شەخسلەرى

## ٴىككىنچى توم

مىللەتلەر نەشرىياتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخىدىكى
شەخسلەر تەتقىقات جەمئىيىتى تۈزگەن

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەت شەخسلىرى

ئىككىنچى توم

安徽大学图书馆
藏书
www.lib.ahu.edu.cn

مىللەتلەر نەشرىياتى

本书根据民族出版社 2012 年 10 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版

**图书在版编目(CIP)数据**

中共党史少数民族人物传：第 2 卷：维吾尔文/中国中共党史人物研究会编著；肉孜托乎提译. —北京：民族出版社，2012.10

ISBN 978-7-105-12436-7

Ⅰ.中… Ⅱ.①中…②肉… Ⅲ.①中国共产党—少数民族—历史人物—

列传—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①K820.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 244816 号

**出版发行**：民族出版社 http://www.mzcbs.com

**社　　址**：北京市和平里北街 14 号　邮编：100

**电　　话**：010-64290862（维文室）

**印　　刷**：北京民族印务有限责任公司

**版　　次**：2012 年 10 月第 1 版　2012 年 10 月北京第 1 次印刷

**开　　本**：1 / 16　787×1092毫米

**印　　张**：34.25

**定　　价**：62.00 元

ISBN 978—7—105—12436—7/K.2143 (维 97)

# «ج ك پ تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەت شەخسلىرى»

## تەھرىر ھەيئىتى

**مۇدىر:** ئوۋياڭ سۇڭ، ياڭ جىڭ، ليۇ بىنجيې

**مۇئاۋىن مۇدىر:** لى جۇڭجيې، جاڭ بەيجيا، دەنجۇئاڭبېن، ۋۇ شۇلىن

**ئەزالىرى:** (فامىلە خېتىنىڭ بىخۇا سانى بويىچە تىزىلدى)

ۋۇ شاڭجى، جاڭ چى، ۋۇ سۇيىيىڭ، جاۋ شۆيى، يۇ بىڭشى

خۇاڭ رۇجۇن، خۇاڭ شيۇرۇڭ

## «ج ك پ تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەت شەخسلىرى»

## تەھرىر ھەيئىتى ئىشخانىسى

**مۇدىرى:** جاڭ چى، يۇ بىڭشى

**مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:** خۇاڭ فېڭشيەن، جاڭ يۇڭشۇ، ئەركىن ئابدۇقادىر
لى يوۋمىڭ، ياڭ پېيلىيەن

**ئەزالىرى:** (فامىلە خېتىنىڭ بېخۇا سانى بويىچە تىزىلدى)

سەيراڭجيا، ۋەن شى، ياقۇپ مۇھەممەتروزى، ۋاڭ موفۇ
سۇن جيەنيى، پياۋ ۋېنفېڭ، ئالىمجان، ئايقىن
جاۋ ۋېنجۈەن، ساۋ جيالى، زېڭ شياۋۋۇ

试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com

# مۇھەررىردىن

ئېلىمىز ــ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ھەر مىللەت خەلقى نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخ داۋامىدا سەلتەنەتلىك جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق يارىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇپ كەلگەن.

1840-يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو پەيدىنپەي يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويدى. جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش، جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىش قەدىمىنى تېزلەشتۈردى، فېئودال ھاكىمىيەت كۈنسايىن چىرىكلەشتى. ۋەتەن زېمىنى پارچىلىنىپ، ھەممە يەردە ئۇرۇش ئوتى يېلىنجىدى، خەلق ئاچ-يالىڭاچلىق، قۇللۇق ئازابىغا مەھكۇم بولدى. ھەر مىللەت جۇڭگو خەلقى ۋە ئىرادىلىك، پەزىلەتلىك زاتلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش يولىدا قەيسىرانە كۈرەش قىلدى. چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ جاھانگىرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىكى ۋە تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى بىر قاتار كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى.

1921-يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ھەر مىللەت جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىنى يېپيېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا ئېلىپ كىردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا جاپا-مۇشەققەتنى تەڭ تارتىپ، قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ، ئاخىر ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى، ئارقىدىنلا يەنە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئۇلۇغ ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. بۇ 90 نەچچە يىللىق كۈرەش مۇساپىسى داۋامىدا، نامى تىللاردا داستان بولغان زور بىر تۈركۈم شەخسلەر مەيدانغا كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت شەخسلىرىمۇ بار. مەسىلەن ئۇلەنفۇ (موڭغۇل)، ئاپېي ئاۋاڭجىنمېي (زاڭزۇ)، سەيپىدىن ئەزىزى (ئۇيغۇر)، ياڭ جىڭرېن (خۇيزۇ)، سۇ يۈ (دۇڭزۇ)، جياڭ خۇا (ياۋزۇ)، دېڭ ئېنمىڭ (شۈيزۇ)، شياڭ جىڭيۈ (تۇجيا)، ۋېي بوچۈن (جۇاڭزۇ)، گۈەن شياڭيىڭ (مانجۇ)، جوۋ باۋجۇڭ (بەيزۇ)، دۇڭ

سۇنرۇي (مانجۇ)، لاۋ شې (مانجۇ)، ئەي سىچى (موڭغۇل)، لى سىگۇاڭ (موڭغۇل)، جيەن بوزەن (ئۇيغۇر) قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئىنقىلابچىسىمۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبىرىمۇ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇشقا ئاساس سالغان پېشقەدەملەر ۋە تۆھپىكار گېنېراللارمۇ، مەشھۇر ئىنقىلابىي قەھرىمان ۋە ياپونغا قارشى كۈرەش قىلغان مىللىي قەھرىمانلارمۇ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا نام قازانغان يازغۇچىلار، ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرمۇ بار. ئۇلار جۇڭگو خەلقىنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە قوغداش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ئۆزئارا ھەمكارلىقىنى، شۇنىڭدەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شانلىق تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە ئۇلارنىڭ قوشقان تۆھپىسى ۋە ئوينىغان رولىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

ج ك پ تارىخىدىكى شەخسلەر تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە مىللەتلەر نەشرىياتى پارتىيەمىز تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەت شەخسلىرىنىڭ 90 نەچچە يىلدىن بۇيانقى جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى مەزگىلىدە قوشقان مۇھىم تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەش ۋە تەشۋىق قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىدە «ج ك پ تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەت شەخسلىرى» ناملىق بۇ توپلامنى تەڭ پىلانلاپ، تۈزۈپ چىقتى.

ج ك پ تارىخىدىكى شەخسلەر تەتقىقات جەمئىيىتى 1979-يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلەت ئىچىدىكى نەچچە مىڭدەك پارتىيە تارىخى مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئالىملىرىنى تەشكىللەپ، مىڭدىن ئارتۇق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى، مەشھۇر قەھرىمانلار، ئالەمدىن ئۆتكەن پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىقتى ھەمدە ئومۇمىي خەت سانى 20 مىليوندىن ئاشىدىغان، 87 قىسىمدىن تەركىب تاپقان «ج ك پ تارىخىدىكى شەخسلەر تەرجىمىھالى» توپلىمىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە نەشر قىلدى. بۇ توپلامغا ئىنقىلابنى قوللىغان، پارتىيەمىز بىلەن مۆرىنى- مۆرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغان دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھ زاتلىرى، پارتىيە-گۇرۇھسىز زاتلار ۋە خەلقئارالىق دوستلارنىڭ تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلدى. ئۇلار جۇڭگو

كوممۇنىستلىرى بىلەن بىللە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەننى، خەلقنى سۆيۈش، بوشاشماي ئالغا ئىلگىرىلەشتەك ئۇلۇغۋار روھنى ئورتاق ياراتتى، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ئۇلۇغۋار نەتىجىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. بۇ قېتىم نەشر قىلىنغان «ج ك پ تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەت شەخسلىرى» تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا پارتىيەمىز تارىخىدىكى 43 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت شەخسلىرىنىڭ تەرجىمھالى كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 41 نەپىرى 87 قىسىملىق تويلام ئىچىدىن تاللانغان.

«ج ك پ تارىخىدىكى شەخسلەر تەرجىمھالى» توپلىمىنىڭ نەشردىن چىقىش ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قولىدىكى بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن، خېلى بۇرۇن تاماملىنىپ بولغان بىر قىسىم تەرجىمھاللارنىڭ ئەسلىي ئاپتورى بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئىمكان بولمىدى. ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىسىنى قوبۇل قىلىش، ئىلگىرى نەشردىن چىققان تەرجىمھاللاردىكى خاتالىقلارنى تەكشۈرۈپ تۈزىتىش مەقسىتىدە، ج ك پ تارىخىدىكى شەخسلەر تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى ئىلمىي تەتقىقات بۆلۈمى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 20 گە يېقىن ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنى مەخسۇس خادىم ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىلگىرى نەشر قىلىنغان تەرجىمھاللارنى تەكشۈرۈپ تۈزىتىشكە تەشكىللىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئاپىي ئاۋاگجىنمېي، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق ئىككى نەپەر ئاز سانلىق مىللەت دۆلەت رەھبىرىنىڭ تەرجىمھالىنى يېزىشقا تەشكىللەپ، تۇنجى قېتىم تەرجىمھال تىزىملىكىگە ئاشكارا كىرگۈزدى، بۇ مەزكۇر توپلامغا تېخىمۇ ھۆسن قوشتى.

«ج ك پ تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەت شەخسلىرى» تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، خەنزۇچە نۇسخىسى موڭغۇلچە، زاڭزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، چاۋشيەنچە بەش ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نۇسخىسى بىلەن تەڭ نەشر قىلىندى. ج ك پ تارىخىدىكى شەخسلەر تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ تەھرىرلىرى بۇ توپلامنىڭ خەنزۇچە تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ تەھرىرلىدى ۋە پىششىقلاپ ئىشلىدى. مىللەتلەر نەشرىياتى ئاز سانلىق مىللەت تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرىنى تەشكىللەپ تەرجىمە قىلدى، بولۇپمۇ ئادەم ئىسمى، يەر نامى، يېڭى سۆز-ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلىش، سېلىشتۇرۇش داۋامىدا نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ

قولىدىكى بۇ توپلام مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، ياكى تۈزۈلۈش سۈپىتى جەھەتتىن بولسۇن مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلاندى ۋە ياخشىلاندى.

بىز ئوقۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇ 43 پارچە تەرجىمىھالنى «پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى، دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىنقىلابىي قەھرىمانلار»، «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى ئىنقىلابىي قەھرىمانلار، داڭلىق ھەربىي گېنېراللار»، «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مۇھىم پارتىيە-ھۆكۈمەت زاتلىرى ۋە ھەربىي زاتلار»، «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساسلىقلار» دېگەن تېمىلار بويىچە تۆت تومغا بۆلۈپ نەشر قىلدۇق. ھەر بىر تومدىكى شەخسلەر تەرجىمىھال ئىگىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، تۇرگە ئايرىلىپ ياكى ۋاپات بولغان ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكىگە قاراپ رەتكە تۇرغۇزۇلدى.

تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىلگىرى نەشر قىلىنغان 87 توملۇق «ج ك پ تارىخىدىكى شەخسلەر تەرجىمىھالى» توپلىمىغا پارتىيە تارىخىدا بىر قەدەر تەسىرگە ئىگە بولغان بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت شەخسلىرىنىڭ تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلمىگەننىدى، مەزكۇر توپلامغىمۇ ۋاقتىنچە كىرگۈزۈلمىدى. بۇنىڭغا قارىتا، بىز تۈركۈمگە بۆلۈپ تاماملاش يولىنى تۇتۇپ، داۋاملىق تۈزۈپ ۋە نەشر قىلىپ، بۇ توپلامنى تېخىمۇ تولۇق ۋە مۇكەممەل قىلىمىز.

بۇ توپلام ئېلىمىزدە تۇنجى نەشر قىلىنغان پارتىيە تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەت شەخسلىرىنىڭ تەرجىمىھال توپلىمى، شۇنداقلا جۇڭگو ج ك پ تارىخى شەخسلەر تەتقىقات ئورنى ۋە مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ پارتىيە 18-قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش  ئۈچۈن ئىشلىگەن نۇقتىلىق نەشر تۈرى. بۇ توپلامنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى موڭغۇلچە، زاڭزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، چاۋشيەنچە بەش ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نۇسخىسى بىلەن تەڭ نەشر قىلىنغاندىن باشقا يەنە رەقەملىك نۇسخىسىمۇ نەشر قىلىندى ھەمدە مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئاڭلىتىش مەركىزىنىڭ ھەمكارلىقىدا «ئاز سانلىق مىللەت ئاۋانگارتلىرى»ناملىق مەخسۇس يۇرۇشلۇك پىروگراممىسى تەڭ قەدەمدە ئاڭلىتىلدى ھەمدە ئۇن-سىن بۇيۇمى نەشر قىلىندى، بۇ پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ۋە نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش.

بىز بۇ توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشى پارتىيە تارىخىدىكى شەخسلەر، بولۇپمۇ

ئاز سانلىق مىللەت شەخسلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات خىزمىتىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرسە، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا، بولۇپمۇ مىللىي رايونلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پارتىيە تارىخى تەشۋىق-تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىسا، ھەر مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنى سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى مەزگىلىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرسە ۋە ئىلھاملاندۇرسا دېگەن ئۈمىدتىمىز.

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار ۋە قەھرىمان-نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ئالىيجاناب روھى ۋە گۈزەل ھاياتى چوقۇم ئەۋلادمۇ ئەۋلاد جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدۇ!

«ج ك پ تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەت شەخسلىرى» تەھرىر ھەيئىتى

2012-يىل 9-ئاي

# مۇندەرىجە


گو لۇڭجېن ........................................ 1

ۋەن تاۋ ........................................ 41

چېن خۇڭتاۋ ........................................ 73

شى خۇاڭ ........................................ 100

لى خۇڭگۇاڭ ........................................ 130

ياڭ لىن (بى شىنتى) ........................................ 158

لى دۇڭگۇاڭ ........................................ 178

لى تيېفۇ ........................................ 202

لى شۆفۇ ........................................ 242

تاڭ جۇۋۇ ........................................ 254

چى تيەنمىن ........................................ 282

چېن خەنجاڭ ........................................ 312

شۇ خېڭجى ........................................ 345

جوۋ ۋېنبىن ........................................ 369

جوۋ باۋجۇڭ ........................................ 388

گۇەن شياڭيىڭ ........................................ 457

دۇڭ سۇنرۇي ........................................ 511

ئاخىرقى سۆز ........................................ 535


试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com

# گو لۇڭجېن

ئەسلىي ئاپتورى : لو جەنيۈەن، شۈ چىڭچاڭ

*گولۇڭجېن، خۇيزۇ، ئەسلىي ئىسمى گو شۇشەن، 1894-يىل 4-ئاينىڭ 11-كۈنى خېبېي ئۆلكىسى دامىڭ ناھىيەسىنىڭ جىنتەن بازىرىدا تۇغۇلغان. خېبېي ئۆلكىسىدىكى تۇنجى ئايال پارتىيە ئەزاسى، 1923-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرىپ، بىر ئۆمۈر ئىنقىلابىي ھەقىقەت يولىدا ئىزدەنگەن، ئالتە قېتىم قولغا ئېلىنغان. 1919-يىلى جۇ ئېنلەي قاتارلىقلار بىلەن ئويغانغانلار جەمئىيىتىنى قۇرغان، 1925-يىلى لى داجاۋ تەرىپىدىن گومىنداڭنىڭ بېيجىڭ شەھەرلىك پارتىيە تارمىقىنىڭ ئاياللار بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن، 1929-يىلدىن كېيىن شەرقىي شىمال، شەندۇڭ قاتارلىق جايلاردا ئىشچىلار ھەرىكىتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1931-يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، 37 يېشىدا قۇربان بولغان.*

## فېئودالىزم چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاش

گو لۇڭجېننىڭ ئەسلىي ئىسمى گو شۇشەن، ئۇ 1894-يىل 4-ئاينىڭ 11-كۈنى خېبېي ئۆلكىسى دامىڭ ناھىيەسىنىڭ جىنتەن بازىرىدىكى بىر خۇيزۇ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. گو ئائىلىسى جىنتەن بازىرىدىكى نام-ئابرۇيلۇق، مۆتىۋەر ئائىلە ئىدى، گو لۇڭجېننىڭ ئاتىسى گو رۇڭگۇي ئاڭلىق، ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، كېجۇ ئىمتىھانىغا ئۆچ ئىدى، نام-ئاتاق قوغلاشمايتتى، كاڭ يوۋېي، لياڭ چىچاۋلارنىڭ قانۇن ئۆزگەرتىش، يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىنى قوللايتتى، جىنتەن بازىرىدا ئۇ بىرىنچى بولۇپ چېچىنى كەسكەنلىكتىن، بازار مۆتىۋەرلىرى ئۇنى «بىدئەت» [1] دەپ ئەيىبلىگەن.

گو لۇڭجېننىڭ تۇنجى ئۇستازى ئۇنىڭ ئاتىسى ئىدى. ئۇ يەتتە-سەككىز لەرگە

---

(1) گو لۇڭجېننىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنى گو چۈەنسەن ۋە گو رۇڭگۇينىڭ ئوقۇغۇچىسى ما يۈمىننىڭ ئەسلىمىسى.

كىرگەندە ئاتىسى ئۇنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ، كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىتىدۇ، دەسلەپتە ئۇنىڭغا «ئۈچ سۆزلۈك دەستۇر»، «ئىسمنامە»، «قىزلار دەستۇرى» دېگەندەك كىتابلارنىلا ئوقۇتىدۇ. مىجەز-خاراكتېر جەھەتتە ئاتىسىنى كىيىپلا چىققان گو لۇڭجېن ئاتىسىدىن:

- «قىزلار دەستۇرى»دا بىزنى «ئەتىگەن تۇر، ياتلىق بول، ناشتىلىق تەييار قىل، چوڭلارغا ھۆرمەت بىلدۈر» دەيدىكەن، ھەممىسى بىز قىزلارنى ئۇنى قىل، بۇنى قىل دېگەندەكلا گەپلەركەن، نېمىشقا ئوغۇللارنىمۇ ئۇنى قىل، بۇنى قىل دەيدىغان بىر دەستۇر يوق؟ - دەپ سورايدۇ.

ئاتىسى ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ:

- بىزدە دەۋرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن قائىدە-يوسۇن بويىچە ئەرلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇلار ھەممە كىتابنى ئوقۇيدۇ، ئەرلەر تالانىڭ ئىشىنى، ئاياللار ئۆي ئىشىنى قىلىدۇ. تالا بىلەن ئۆي ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئۆگىنىدىغان نەرسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. سىز قىز بالا بولۇپ قالدىڭىز، ئوغۇل بولغان بولسىڭىز ياخشى بولاتتى.

- قىز بولسام نېمە بوپتۇ؟ - دەيدۇ گو لۇڭجېن تەن بەرمەي، - ئوغۇللار قىلالىغاننى قىزلارمۇ قىلالايدۇ، قەدىمكى جۇڭگودا مۇلەن ئاتىسىنىڭ ئورنىغا جەڭگە چىققان، تى يىڭ مەكتۇپ سۇنۇپ ئاتىسىنى قۇتقۇزغان ئىشلار[1] بولغانغۇ، ئۇلار ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلغان يەردە، مەنمۇ نېمىشقا ئاكىلىرىم بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇسام بولمىغۇدەك؟

ئاتىسى قىزىنىڭ ئەقىللىقلىقى ۋە قەيسەرلىكىنى ياقتۇراتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەرلەرگە خاس جاسارىتىدىن مەمنۇن ئىدى، شۇڭا ئاخىرى ئۇنىڭ ئاكىلىرى بىلەن بىللە ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلىدۇ.

گو لۇڭجېننىڭ ئانىسى فېئوداللىق ئەدەپ-ئەخلاققا قاتتىق بويسۇنىدىغان ئايال ئىدى، «ئايال كىشىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى ئۇنىڭ ئەخلاقلىقىدۇر» دەيدىغان كونا قاراشقا قارىغۇلارچە ئىشىنەتتى، قىزلىرىنى ھەمىشە «قىزلار دەستۇرى»دىكى «تاماق ئېتىش، چوڭلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش»، «يىڭنە-يىپ ئىشىنى ئۆگىنىش، ھۇرۇنلۇق قىلماسلىق» دېگەندەك قائىدىلەر بىلەن تەربىيەلەيتتى، يىڭنە-يىپ

---

(1) تى يىڭ، غەربىي خەن دەۋرىدىكى داڭلىق تېۋىپ چۇن يۈيىنىڭ قىزى. چۇن يۈيى خەنۋېندى زامانىدا باشقىلارنىڭ شىكايىتى بىلەن زىندانغا تاشلىنىدۇ، تى يىڭ ئۆزىنى قۇللۇققا تۇتۇپ ئاتىسىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ مەكتۇپ سۇنىدۇ.

ئىشىنى ۋە تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىشكە ھەيدەيتتى، قاتتىق باشقۇراتتى ھەم ئۇلاردىن تالا-تۈزگە چىقماسلىقنى، يۈرۈش-تۇرۇشتا سالماق، ئېسىل ئائىلىنىڭ قىزىغا خاس سالاپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. گو لۇگجېن بۇنداق كونا ئەدەپ-قائىدىلەردىن بىزار بولاتتى. دائىم ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ نامرات ئائىلىنىڭ بالىلىرى بىلەن بىللە ئوينايتتى. بىر قېتىم ئانىسى ئۇنى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە پۇتىنى بوغۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ ئۇنىمايدۇ. ئانىسى ئۇنى گەپكە كىرگۈزەلمەي پۇتىنى مەجبۇرىي بوغۇپ قويىدۇ. ئۇ ۋارقىراپ-جارقىراپ تۇرۇپ، پۇتىنى بوغقان رەختنى يىرتىپ پارە-پارە قىلىۋېتىدۇ ھەمدە قارشىلىق كۆرسىتىپ تاماق يېگىلى ئۇنىمايدۇ، ئانىسى ئاخىرى ئۇنىڭ تەلىپىگە كۆنىدۇ.

شىنخەي ئىنقىلابى ھارپىسىدا، نۇرغۇن جايلاردا يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش ئەۋج ئالىدۇ. جىنتەن بازىرى ۋېيخې دەرياسى بويىدىكى ئاۋات بازارلارنىڭ بىرى بولۇپ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇق يولى تولىمۇ قولاي بولغاچقا، باشقا جايلاردىكى تۈرلۈك خەۋەرلەر بۇ يەرگە تېزلا يېتىپ كېلەتتى. گو لۇگجېننىڭ ئاتىسى باشقا يۇرتلاردا يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش ئەۋج ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ ئىشقا قىزىقىدۇ. ئۇ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشنىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، يەنە قىزلار مەكتىپىنىمۇ ئېچىپ، قىزلارنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش لازىملىقىنى ھېس قىلىدۇ. 1909-يىلى گو لۇگجېن 15 ياشقا كىرگەندە، ئاتىسى يېتەكچىلىك قىلىپ، جىنتەن بازىرىدا گو شۇشەننىڭ نامى بىلەن تۇنجى قىزلار مەكتىپىنى ئاچىدۇ، مەكتەپكە يۈەنچېڭ ناھىيەسى[1] بىرىنچى قىزلار مەكتىپى دەپ نام بېرىلىدۇ. مەكتەپنىڭ دەرسخانا ۋە تەكرارلاش ئۆيى گو ئائىلىسىدە بولۇپ، بارلىق ئەسلىھە ۋە خىراجەتنى گو ئائىلىسى كۆتۈرىدۇ. گو لۇگجېن خالىس ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ، 20 نەچچە قىزنى ھەقسىز يىغىپ دەرس بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار يېڭى دەرس ئاڭلاش بىلەن بىللە يەنە فېئوداللىق ئەدەپ-قائىدىگە قارشى تۇرۇش مەزمۇنىدىكى ناخشا-قوشاقلارنى ئۆگىنىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا قىزلار مەكتىپى ئېچىش ئاسانغا توختىمايتتى، بولۇپمۇ جامائەت پىكرى مەسىلىسى مەۋجۇت ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر فېئوداللىق ئەدەپ-قائىدىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، قىزلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىنى خالىمايتتى، ھەتتا ئوقۇۋاتقان قىزلارنى مەسخىرە قىلاتتى. ئەمما گو

(1) ئەينى ۋاقىتتا جىنتەن بازىرى يۈەنچېڭ ناھىيەسىگە قارايتتى، 1914-يىلىدىن كېيىن دامىڭ ناھىيەسىگە قوشۇۋېتىلگەن.

لوُڭجېن قىزلار مەكتىپىنى ياخشى ئېچىشقا ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتا-ئانىلارنى زىيارەت قىلىپ، قىزنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا كۆندۈردۈ.

بىر قېتىم، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن چوڭ كوچا ئېغىزىغا ئېلان چاپلايدۇ، ئېلاندا: جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلۇپ، مەجبۇرىي ئوقۇش يولغا قويۇلدى، ئەر-ئايال باراۋەر، ئاياللارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشى شەرەپلىك ئىش، بازىرىمىزدا قىزلار مەكتىپى قۇرۇلدى، مەخسۇس قىزلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىمىز، مەيلى خەنزۇ ياكى خۇيزۇ بولسۇن، ئوقۇشقا كەلگەن ھەممەيلەننى قارشى ئالىمىز، دەپ يېزىلغانىدى.[1] گو لوُڭجېننىڭ ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىقى ئاستىدا ئوقۇغۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، كىشىلەرنىڭ قارىشىمۇ بارا-بارا ئۆزگىرىدۇ، قىزلار مەكتىپى كۆنسېرى كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

1912-يىلى 5-ئايدا، جىلى ئۆلكىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق مائارىپ ئەمەلدارى يۈەنچېڭ ناھىيەسىگە كېلىپ مائارىپ ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، جىنتەن بازىرىدا بىر قىزلار مەكتىپى ئېچىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇ ئاتا-بالا ئىككىيلەننى تەقدىرلەيدۇ ھەمدە مەكتەپنى ناھىيەگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي مەكتەپنى ناھىيە بازىرى ئىچىگە كۆچۈرۈپ كېلىدۇ ھەمدە مەكتەپكە خۇڭشىچياۋ قىزلار مەكتىپى دەپ نام بېرىدۇ. 1913-يىلى، گو لوُڭجېن 19 ياشقا كىرگەن ۋاقىتتا، قىزلار مەكتىپى ئېچىپ نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن تيەنجىن شەھەرلىك جىلى قىزلار پېداگوگىكا مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ.

ئەپسۇس، ئۇ تۇرمۇش ئىشىدا ئەگرى-توقايلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئەسلىدە ئۇ 13 ياشقا كىرگەن يىلى ئاتا-ئانىسى ئۇنى نەسەبكە لايىق بىر ئائىلىگە پۈتۈشۈپ قويغانىدى. بۇ ئائىلە يىرى كۆپ، قورۇ-جايلىرىمۇ كۆپ بىر پومېشچىك ئائىلىسى بولۇپ، بىر تاللا ئوغلى بولغاچقا، ئوغلىنىڭ توينى پاتراق قىلىپ، قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئۆي ئىشىغا سېلىشقا ئالدىرايتتى. شۇڭا، ئۇلار توينى بالدۇرراق قىلىشقا قىستايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا گو لوُڭجېن ئوقۇشىنى يېرىم قالدۇرۇشقا قاتتىق قارشى ئىدى، توي ئىشىغا تېخىمۇ نارازى ئىدى. ئۇ تويدىن قېچىپ خېلى ئۇزاققىچە مەكتەپتە تۇرىدۇ، تەتىللەردىمۇ ئۆيىگە قايتمايدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتىسى ۋاپات بولغان، ئوغۇلنىڭ ئائىلىسى ئەگەر توي بولمىسا گو ئائىلىسىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىمىز دەپ جار سېلىۋاتقانىدى. 1917-يىلى يازلىق تەتىلدە،

(1) داملىڭ ناھىيە جىنتەن بازىرى كومموُناسى جىنبېي داۋيىدىن لۇ خۇڭجاڭنىڭ ئەسلىمىسى.

گو لۇڭجېن تۇيۇقسىز ئائىلىسىدىن «ئانىسىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقى» توغرىسىدىكى خەتنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ-دە، ئالدىراپ-تېنەپ ئۆيىگە قايتىدۇ، ئانىسىنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى كۆرۈپ ئالدانغانلىقىنى بىلىدۇ. ئانىسىنىڭ يېلىنىپ يالۋۇرۇشلىرى ئارقىسىدا توي قىلىشقا ئامالسىز ماقۇل بولىدۇ.

توي كۈنى گو لۇڭجېن ياسىنىپ تارانمايدۇ، ئۈستىدىكى ئاق كۆينەكلىك، قارا يوپكىلىق ئوقۇغۇچىلار كىيىمىنى سالمايدۇ. ئەينى چاغدا كېلىنچەك گۈللۈك تەختىراۋاندا كۆچۈرۈلەتتى، تەختىراۋان پەردىسى چۈشۈرۈپ قويۇلاتتى، ئەمما گو لۇڭجېن بۇ قائىدىگە كۆنمەستىن، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىش ئۈچۈن تەختىراۋان پەردىسىنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرىدۇ.

توي بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ ئېرىنىڭ ئائىلىسىگە تيەنجىندىكى ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش تەلىپىنى قويىدۇ ھەمدە ناۋادا بۇ تەلەپكە قوشۇلمىسا ئاجرىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دەسلەپتە ئېرىنىڭ ئائىلىسى بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ، ئەمما گو لۇڭجېن نىيىتىدىن قىلچە يانمايدۇ، بىر قانچە قېتىملىق جاڭجالدىن كېيىن، ئەرنىڭ ئائىلىسى ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاخىرى ماقۇل بولىدۇ. ئۇ فېئودallıق ئەدەپ-ئەخلاق كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۆز ئىستىقبالى ئۈچۈن يېڭى يول ئاچىدۇ ھەمدە بۇ ئائىلىگە ئىككىنچى ئاياق باسمايدۇ.

## 4-ماي ياشلار ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە كۈرەش قىلىش

تيەنجىن شەھەرلىك جىلى بىرىنچى قىزلار پېداگوگىكا مەكتىپىدە، گو لۇڭجېن ئالدى بىلەن ئادەتتىكى پېداگوگىكا سىنىپىدا ئوقۇيدۇ، كېيىن تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇپ، ئاندىن پېداگوگىكا تولۇق كۇرسىنىڭ 8-يىللىقىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىدۇ، 1919-يىلى يازدا ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ.

مەكتەپتىكى مەزگىلىدە ئۇ ئاددىي-ساددا كىيىنەتتى، مۇئامىلىسى ئوچۇق-يورۇق ھەم قىزغىن ئىدى، ساۋاقداشلىرىغا ئىللىق مۇئامىلە قىلاتتى، ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنىڭغا كۆڭلىنى يېقىن تۇتاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ فېئوداللىق ئەدەپ-قائىدىلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە قارا كۈچ جەمئىيەتكە قارشى كۈرەش قىلىش روھى ساۋاقداشلىرىنى چوڭقۇر قايىل قىلغانىدى.

4-ماي ياشلار ھەرىكىتىنىڭ ئالدىدا، جىلى قىزلار پېداگوگىكا مەكتىپىدە فېئوداللىزم ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى سىرت بىلەن ئالاقە

قىلغۇزمايتتى. نەچچە قېتىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك دولقۇنى بۇ قىزلار مەكتىپىنىڭ ئىچىگىمۇ تاملىرىدىن ھالقىيالمىغانىدى، بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى قىزلار يەنىلا مۇناخلارچە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. گو لۇڭجېن بۇنىڭدىن بىزار بولاتتى ھەم زەردىسى قايناتتى. ئۇ سىڭلىسى گو شۇۋېنغا مۇنداق دەيدۇ:

ـ ئۆيدىن تيەنجىنگە كېلىپ ئاندىن بىلدىمكى، مەن بىر چوڭقۇر ھاڭدىن يەنە بىر چوڭقۇر ھاڭغا كەپتىمەن. ھازىر ۋەتەن كۈلپەت ئىچىدە قالدى، جەمئىيەت قاراڭغۇ، ھۆكۈمەت چىرىك. بىز بۇ بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە ياشاپ نېمە بولىمىز؟ يا ۋەتىنى مۇنقەرز بولغان قۇل بولۇشىمىز، ياكى ھەقىقەت يولىغا ئۆزىمىزنى بېغىشلىشىمىز كېرەك. مەن ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆزۈمنى بېغىشلاشقا رازىكى، ھەرگىز قۇل بولمايمەن.[1]

گو لۇڭجېن «يېڭى ياشلار» قاتارلىق ئىلغار مەزمۇندىكى گېزىتلەرنى ئوقۇشقا ئامراق ئىدى، ئۇنىڭدىن ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەقىقەتلىرىنى ئىزدەيتتى.

1919-يىلى 4-ماي ياشلار ھەرىكىتى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ جۇ ئېنلەي، ما جۈن، ليۇ چىڭياڭ[2]، دېڭ يىڭچاۋ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە تيەنجىندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 4-ماي ياشلار ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىپ ھەم رەھبەرلىك قىلىپ، 4-ماي ياشلار ھەرىكىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن باشلامچىسىغا ئايلىنىدۇ. 5-ئاينىڭ 5-كۈنى كەچتە گو لۇڭجېن ۋە دېڭ يىڭچاۋلار مۇزاكىرىلەشكەندىن كېيىن، 6-كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىكى ھەرقايسى سىنىپ ۋەكىللىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئاچىدۇ، يىغىنغا گو لۇڭجېن رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. يىغىندا، ئۇ پارىژ تىنچلىق يىغىنىدا ۋەتىنىنىڭ بېشىغا كەلگەن خورلۇقلارنى قايناپ بايان قىلىدۇ، جاھانگىرلىكنى قامچىلايدۇ، ۋەتەن خائىنلىرىنى پاش قىلىدۇ ھەمدە يۇقىرى ئاۋازدا: «ۋەتەنىنىڭ بېشىغا كۈلپەت ياغدى، ئاياللار غەپلەت ئىچىدىن يۇلقىنىپ چىقىپ، فېئودالىزم كىشەنلىرىنى پاچاقلايلى، ۋەتەن-خەلقنى قۇتقۇزايلى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەر-ئايال دەپ ئايرىمايدۇ، ۋەتەننى قۇتقۇزايلى!»[3] دەپ خىتاب قىلىدۇ، ئۇنىڭ سۆزى ھەممەيلەننى ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئەزەلدىن

---

(1) «قىزىل بايراق لەپىلدىمەكتە»، 23-توم، 133-بەت، بېيجىڭ، جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى، 1981-يىل.

(2) ليۇ چىڭياڭ: خۇيزۇ، 1919-يىلى قىزلار پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپلا تيەنجىندىكى 4-ماي ياشلار ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ ئىنقىلابىي قاينىمىغا چۆككەن، جىلى قىزلار پېداگوگىكا مەكتىپىدىكى ساۋاقدىشى گو لۇڭجېن، دېڭ يىڭچاۋ قاتارلىقلار بىلەن بىللە تيەنجىن ۋەتەنپەرۋەر ئاياللار جەمئىيىتىنى قۇرغان ھەم جەمئىيەت باشلىقى بولغان.

(3) «تىز پۈكمەس كوممۇنىستلار»، 1-توم، 79-بەت، بېيجىڭ، خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل.



试读结束，需要全本PDF请购买 www.ertongbook.com